# شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى

## 新疆社会科学研究

（内部刊物　　ئىچكى ژورنال）

1983-يىل 10-ئاي　　6-سان

新疆维吾尔自治区社会科学


## ئۇيغۇرلار


ئۇيغۇر سايرانى، شى جۇڭ


ئۇيغۇرلار — شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ئاساسىي مىللەت. ئۇلارنىڭ 1982-يىلىدىكى ئومۇمىي ئاھالىسى 5 مىليون 949 مىڭ 600 دىن ئارتۇق بولۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاھالىنىڭ % 54.48 تىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇلار شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا، بولۇپمۇ تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى ھەرقايسى بوستانلىقلاردا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. ئۇيغۇرلار — ئۇزاق تارىخقا ئىگە بىر مىللەت بولۇپ، سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە ۋەتىنىمىزنىڭ بەرپا قىلىنىشى ئۈچۈن ئۇلۇغ تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇيغۇر تارىخى — جۇڭگو تارىخىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى.

"ئۇيغۇر" دېگەن نام شۇ مىللەتنىڭ ئۆزىنى ئاتىشى بولۇپ، ئادەتتە "بىرلىشىش"، "ھەمكارلىشىش" دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. خەنزۇچە يېزىقتىكى تارىخنامىلاردا، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 3 - ئەسىردىن مىلادىيەدىن كېيىنكى 3 - ئەسىرگىچە ئۇلار دىڭلىڭ دەپ ئاتالغان. مىلادى 3 - ئەسىردىن كېيىن، دىلى، شىلې، تۇغرۇ (تۇغۇز)، ۋېيخې، خۇيخې، خۇيگۇ، ۋېيۇۋۇئېر دەپ ئاتىلغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى "ئۇيغۇر" دېگەن نامنىڭ خەنزۇچىدە ھەرخىل دەۋرلەردە ھەرخىل تاۋۇشتا تەرجىمە قىلىنىشى ئىدى. «شىمالىي سۇلالىلار تارىخى. ئېگىز قاڭقىللار تەزكىرىسى» دە: ئېگىز قاڭقىللار "دەسلەپتە دىلى دەپ ئاتىلاتتى. ئۇلارنى شىمالىيلىقلار شىلې دەپ ئاتىسا، شىيالىقلار ئېگىز قاڭقىللار دەپ ئاتايتتى" دېيىلگەن. «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇر (خۇيگۇ) لار تەزكىرىسى» دە: "خۇيخېلار، ...... كوپ چاغلاردا ئېگىز چاقلىق ھارۋىلارغا ئولتۇرۇپ يول يۈرىدۇ، ۋېي خانلىقى دەۋرىدە ئېگىز قاڭقىللار ياكى شىلېلار دەپ ئاتىلاتتى، تېلې (تۇرا) دەپمۇ ئاتالغان ئىدى."، "يۈەنخېلار ئوخۇ دەپمۇ، ئوخې دەپمۇ ئاتالغان، سۈي سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە ۋېيخې دەپ ئاتالدى"، "يەنە خۇيخې دېگەن نام تەكلىپكە بىنائەن خۇيگۇغا ئۆزگەرتىلدى" دېيىلگەن. «بەش دەۋرنىڭ كونا تارىخى. ئۇيغۇر (خۇيگۇ) لار تەزكىرىسى» دە: "كېيىنكى ۋېي خانلىقى دەۋرىدە، ئۇلارنىڭ نامى تېلې (تۇرا) ئىدى، خۇيخې دەپمۇ ئاتىلاتتى" دېيىلگەن. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇلارنىڭ نامى ئۇيغۇر (ۋېيۇۋۇئېر) دەپ ئاتالغان («يۈەن سۇلالىسىنىڭ يېڭى تارىخى» 51 - جىلد).

«تارىخنامە»، «خەننامە» لەردىكى «ھۇنلار تەزكىرىسى» ۋە «خەننامە. سۇۋۇ تەرجىمىھالى» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، مىلادىيەدىن ئىلگىرى، دىڭلىڭلار ھۇنلار ئىدارە قىلىۋاتقان رايونلارنىڭ شىمالىغا، ئاساسەن بايقال كولى بويلىرىغا، بىر قىسمى ئەينى چاغدىكى غەربىي رايوندىكى ئېرتىش دەرياسى بويلىرىغىمۇ تارقالغان. «خەننامە. غەربىي رايون تەزكىرىسى» دە: "قۇتېۋس ...... ئۇيسۇنلارغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى مەغلۇپ قىلدى. شىمالدا ئۇجېيلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى تەسلىم قىلدى، ئۇلارنىڭ ئەسكەرلىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ غەرپتە كەنكۈن (قەدىمقى قىرغىزلار) نى مەغلۇپ قىلدى، شىمالدا دىڭلىڭلارنى تەسلىم قىلدى ھەمدە ئۈچ دۆلەتنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى" دېيىلگەن. بۇ مەزگىلدىكى دىڭلىڭلار، ئاساسەن، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللانغان. مىلادى 1 - ئەسىردە دىڭلىڭلارنىڭ بىر قىسمى كەنكۈنىڭ غەربىي رايونلىرىغا كۆچۈپ كەلگەن. «ئۈچ دۆلەت تەپسىراتى. ۋېي نامە. ئوغان - شىيەنبى - شەرقىي يىلار تەزكىرىسى» دە مۇنداق دېيىلگەن: "زىنۇ - ئەسلى ھۇندۇر. ھۇنلار قۇل دېدەكنى "زى" دەپ ئاتايتتى. جيەنۋۇ دەۋرىدىن باشلاپ (مىلادى 25 - يىلدىن 55 - يىلغىچە)

ھۇنلار زەئىپلەشتى، ئۇلارنىڭ قۇل دىندەكلىرى، ئالتۇنبالىق، ۋۇ ۋېي، جېنۇچۇەنىنىڭ شىمالى، خېشۈي، شىنجاڭنىڭ شەرق ۋە غەرب تەرەپلىرىگە قېچىپ بېرىپ، سۇ ۋە ئوت-چۆپ قوغلىشىپ چارۋىچىلىق قىلدى، ئۇلار لىياڭجۇ ئوبلاستىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ تۇراتتى. كېيىن ئاھالىسى بىر ئاز كۆپىيىپ، بىر نەچچە تۈمەنگە يەتتى، ئۇلار شەرقتىكى شىيەنبىلارغا ئوخشىمايتتى. ئۇلار بىر ئۇرۇق ئەمەس، بەلكى داخېز (چوڭ غېزلار)، دىڭلىڭلار ۋە ئۇرغۇن چاڭلارمۇ ئارىلاش ئوتەتتى، بۇ جايلار قۇل - دىندەكلەرنىڭ ئەسلى ماكانلىرى ئىدى. مىلادى 3 - ئەسىردە، دىڭلىڭلار شىمالىي دىڭلىڭ ۋە غەربىي دىڭلىڭ دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن، شىمالىي دىڭلىڭلار بايقال كۆلى ئەتراپىغا تارالغان بولۇپ، دىڭلىڭلارنىڭ ئاساسلىق جايلاشقان رايونى ئىدى؛ لېكىن بۇ چاغدا غەربىي رايوننىڭ ئېرتىش دەرياسى ۋادىسىغا جايلاشقان غەربىي دىڭلىڭلارنىڭ سانىمۇ ناھايىتى كۆپ ئىدى. «ئۈچ دۆلەت تەپسىراتى. ۋېينامە. ئوغان - شىيەنبى - شەرقىي يىللار تەزكىرىسى» نىڭ ئىزاھىدا «ۋېي خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى. غەربىي روڭلار تەزكىرىسى» دىن كەلتۈرۈلگەن نەقىلدە مۇنداق دېيىلگەن: «دىڭلىڭ دۆلىتى كاڭگيۈينىڭ شىمالىغا جايلاشقان، 6 تۈمەندىن ئارتۇق خەل ئەسكىرى بار. چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، مەشھۇر سوسەر تېرىسى چىقىدۇ، بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبىدا دىڭلىڭلار بولۇپ، بۇلار ئۇيسۇنلارنىڭ غەربىدىكى دىڭلىڭلار ئەمەس».

مىلادى 5 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، دىڭلىڭلارنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى يەنىلا بايقال كۆلى ئەتراپىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، كېيىن ئالا ئىنلاج موڭغۇل دالىسىنىڭ جەنۇبىغا كۆچۈپ بېرىپ كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ھەمدە قوشۇمچە دېخانچىلىق قىلىشقا باشلىغان. «ۋېي نامە. جۇجانلار تەزكىرىسى» دە: «شېنجيانىڭ 2 - يىلى (مىلادى 429 - يىلى)، شىمالىي ۋېي خانلىقىنىڭ خانى توبات جۇجانلاردىن داتەنگە ھۇجۇم قىلدى، داتەنلەر مەغلۇپ بولۇپ غەربكە قاچتى». «شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ دۆلىتى پارچىلىنىپ، پۇقرالىرى تاغ جىرالىرىغا قېچىپ كىرىۋالدى، چارۋىلىرى دالىدا تاشلىنىپ، ھېچكىمنىڭ كارى بولمىدى. ئىگىز قاڭقىل قەبىلىلىرى داتەن ئۇرۇغىدىكىلەرنى ئۆلتۈردى، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 300 مىڭدىن ئارتۇغراقىنى ئۆزىگە تەسلىم قىلدى ...... شىمالىي ۋېي خانى شىزۇ شەرقتىكى ئىگىز قاڭقىللارنىڭ يىنپو (بايقال كۆلى بويى) دا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئادەم ۋە چارۋىسىنىڭ كۆپلۈكىنى ئاڭلاپ، ...... سول قول سەردار ئەنيۈەن قاتارلىقلارنى ئۇلارغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتتى. بۇ قوشۇن يىنپوغا يېتىپ بارغاندا، ئىگىز قاڭقىل قەبىلىلىرىدىن نەچچە ئون تۈمەن ئادەم ئۇلارنى كۆرۈپلا تەسلىم بولدى» دېيىلگەن. يەنە «ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۆرنىگى» نىڭ 121 - جىلد «سۇڭ سۇلالىسى ھەققىدە خاتىرىلەر» دە: «ۋېي خانلىقى پىنگچېڭ شەھرىنى قايتۇرۇۋېلىپ، تەسلىم بولغان جۇجان، ئىگىز قاڭقىل پۇقرالىرىنى

ئۇلار ئەلچى جاڭ چيەنشۇەننى قوبۇل قىلىپ، قايتىپ كېتىشىنى تەۋسىيە قىلغان» دېيىلگەن. يەنە «جەنۇبىي سۇلالىلار تارىخى. غەربىي رايونلاردىكى دۆلەتلەر تەزكىرىسى»دە: «چەرچەن دۆلىتىنىڭ شىمالىدا دىڭلىڭلارنىڭ بارلىقى ئېيتىلغان، بۇلىمۇ يۇقۇرىدا كەلتۈرۈلگەن نەقىللەرگە تولۇقلىما قىلىشقا بولىدۇ.

يەنە «شىمالىي سۇلالىلار تارىخى. تېلېلار تەزكىرىسى» دە: «تولا دەرياسى (هازىرقى موڭغۇلىيە جۇمھۇرىيىتىدە) نىڭ شىمالىغا بۆكە، توڭرا، ۋېيخې، بايىرقۇلار جايلاشقان، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئەركىن دەپ ئاتىشىدۇ، ....... ئىككى تۈمەن خىل ئەسكەرلىرى بار»، «ئۇلارنىڭ ئۇرۇق پەمىللىرى ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئۆزلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تېلې دەپ ئاتايدۇ. خان - باشلىقلىرى يوق، شەرقىي ۋە غەربىي تۈركلەرگە قارايدۇ، مۇقىم ئولتۇراق جايى يوق، سۇ ۋە ئوت - چۆپ قوغلىشىپ يۆتكىلىپ تۇرىدۇ» دېيىلگەن. 7 - ئەسىرگە قەدەر موڭغۇل تەۋەسىدە ۋە غەربىي رايون تەۋەسىدە ئولتۇرۇشلۇق تېلېلار تۈرك خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولۇپ كەلگەن. «كونا تاڭنامە. تېلېلار تەزكىرىسى»: دە «خۇيخې قاتارلىق 6 قەبىلىدىن ئوتتۇكەن تاغلىرىنىڭ شەرقىدىكى شىبغىگە قارايدۇ، ئىلتىرىش قەبىلىسىدىكىلەردىن ئالتۇن تاغلىرىنىڭ غەربىدىكى يابغۇغا قارايدۇ» دېيىلگەن.

يۇقۇرقى بايانلاردىن شۇنى ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى: تولا دەرياسى بويلىرىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان تېلې قەبىلە ئىتتىپاقىدا ۋېيخې قەبىلىسى، تىيانشان بويلىرىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان تېلې قەبىلە ئىتتىپاقىدا ئۇخۇ (ئوغۇز) قەبىلىسى بولغان. يۈەنخې، ئۇخۇ ۋە ۋېيخې دېگەن ناملار ئۇيغۇر دېگەن نامنىڭ خەنزۇچىگە قىلىنغان تۈرلۈك ئاھاڭ تەرجىمىسى. بۇ ھەقتە «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە بۇرۇنلا ئېنىق قىلىپ: «يۈەنخې — ئۇخۇ، ئۇخېمۇ دېيىلەتتى، سۈي سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، ۋېيخې دېيىلدى» دەپ خاتىرىلەنگەن. «شىمالىي سۇلالىلار تارىخى. ئىگىز قاڭقىلار تەزكىرىسى» دە تىلغا ئېلىنغان ئىگىز قاڭقىلارنىڭ 6 ئۇرۇقى (دى (دىھار)، يۈەنخې، چارۇقلۇق، چابىش، قىرغىز، ئىچكىنلەر)، «يېڭى تاڭنامە، ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە تىلغا ئېلىنغان ئۇيغۇرلارنىڭ 15 ئۇرۇقى («بۇلار: يۈەنخې، سۇرتاردۇش، چۇبە، دۇبۇ، قۇرىقان، تېلىنغۇت، بۆكە، بايىرقۇ، توڭرا، غون، ئىزگىل، چەپنى، ئىسكە، ئادىز، ئەقشىدلەر») مۇ ھەممىسى يۈەنخې ۋە باشقا قەبىلىلەردىن تەركىب تاپقان قەبىلە ئىتتىپاقى ئىدى. ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىتتىپاقىدا سۇرتاردۇش، بۆكە، بايىرقۇ، توڭرا، چۇبە قاتارلىق قەبىلىلەر بولغان، يۇقۇرىدا ئېيتىلغان تېلېلاردىن تەركىب تاپقان ئۈچ قەبىلە ئىتتىپاقىدىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش نامدىكى قەبىلىلەر بولغان، بۇ ئەھۋال تېلېلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدا تارىخىي جەھەتتە

موڭغۇل دالىسىنىڭ جەنۇبىغا كۆچۈرۈپ، شەرقى دۆيۈەنگىچە، غەربى ۋۇيۈەن، يىنشەن تېغىغىچە بولغان ئۈچ مىڭ چاقىرىملىق جايدا تېرىقچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللاندۇرۇپ، ئۇلاردىن سېلىق ئالدى». دېيىلگەن. مەشھۇر «شىلې قوشىقى» ئەنە شۇ چاغدا مەيدانغا كەلگەن. بۇخەلق قوشىقىدا: «شىلېلار زېمىنى يىنشەن باغرىدا، تۈرىدۇ كۆك ئاسمىنى گۈمبەز سىمان. يەلپۈنەر ئوت-چۆپلىرى بىپايان دالىدا، توپ-توپ يايلىشار چارۋا-مال ھەرزامان» دەپ يېزىلغان. كۆپ سانىدىكى شىلې (دىڭلىڭ) لار موڭغۇل دالىسىنىڭ جەنۇبىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق ۋە تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ئۈچۈن بۇ كەڭ ئوتلاق شىلې زېمىنى دەپ ئاتالغان.

بۇ يەردە تەكىتلەپ كۆرسىتىشكە تېگىشلىكى شۇكى: مىلادى 5 - ئەسىردىن كېيىن، شۇ چاغدىكى غەربىي رايونلۇق دىڭلىڭلار ياكى تېلېلار زور مىقداردا كۆپەيگەن بولۇپ، مۇنداق ئۈچ ئاساسىي تارماققا بۆلۈنگەن: بىر تارمىقى تىيانشان تېغىنى بويلاپ ئېۋۇرغول (قۇمۇل) دىن كىنگىت (قارا شەھەر) گىچە بولغان رايونلارغا جايلاشقان؛ بىر تارمىقى ئالتۇن تاغ (ئالتاي تېغى) نىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان؛ يەنە بىر تارمىقى كۆئېنلۈن تېغىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە پىشامشان (چارقىلىق) تىن ئۇدۇن (خوتەن) گىچە بولغان رايونلارغا جايلاشقان. «شىمالىي سۇلالىلار تارىخى. تېلېلار تەزكىرىسى» دە: «ئېۋۇرغولنىڭ غەربى، كىنگىتنىڭ شىمالىدا ئاقتاغ (تىيانشان تېغى) نى بويلاپ چۇبە، بۇرچ، ئېسكە (ئازلار)، سۇبۇ (سېپتا)، ناخ (ناگې)، ئوغۇز، خېگۇ (قىرغىز)، ئىرتۇش (ئىكدىل)، ئۇنقۇ (ئونغۇ) لار جايلاشقان، ئىككى تۈمەن خىل ئەسكىرى بار». دېيىلگەن. ئىككى تۈمەن خىل ئەسكىرى بارلىقى، ئۇلارنىڭ ئومۇمى ئاھالە سانى 8 تۈمەندىن 10 تۈمەنگىچە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. «شىمالىي سۇلالىلار تارىخى. تېلېلار تەزكىرىسى» دە: «ئالتۇن تاغ (ئالتاي تېغى) نىڭ غەربىي جەنۇبىغا سۇرتاردۇش، جىلىر (جەرۇق)، زابىندىر، داك قاتارلىقلار جايلاشقان، بىر تۈمەندىن ئارتۇق ئەسكىرى بار». دېيىلگەن. بۇ تارىخ ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا، ئەينى ۋاقىتتا ئالتاي تېغىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان تېلېلارنىڭ ئاھالىسى تەخمىنەن 4 - 5 تۈمەن كىشىگە يېتىدۇ. 5 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، دىڭلىڭلار كۆئېنلۈن تېغىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى كەڭ رايونغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان. «جەنۇبىي چى خانلىقى تارىخى. جۇجانلار تەزكىرىسى» دە: «ئالدى بىلەن يېجۇ ئوبلاستىنىڭ ۋالىسى ليۇجۈن ئوزىنىڭ قۇدرەت - سالتەنىتىنى تەرغىپ قىلىش ئۈچۈن، دىڭلىڭلارغا جياڭ جىڭشۈەننى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن، ئەلچى پىشامشان ئارقىلىق ئۇدۇنغا بارماقچى بولغان، ئەمما پىشامشاننى دىڭلىڭلار ئىشغال قىلىۋالغاچقا، خەلقى ھەر تەرەپكە تارقاپ كەتكەن. ئۇدۇنلۇقلار بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلىدىكەن، دىڭلىڭلار ئۇلارنى تەڭرىقۇت دەپ ئاتىغان،

يېقىن ئېتنىك مۇناسىۋەت مەۋجۇتلۇقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئەسلىدە تۈرك خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولۇپ، كېيىن ئۇيغۇرلار تۈرك خانلىقىنى يوقىتىپ ئۇيغۇر خانلىقىنى ( مىلادى 744 — 840 - يىل ) قۇرغان. شەرقتە خىنگان تېغىدىن غەرپتە ئالتاي تېغىغىچە بولغان جايلار ئۇنىڭ تەۋەسىدە بولۇپ، ئېلىمىزنىڭ شىمالىي يايلاقلىرىدىكى كەڭ رايونغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان. يۈز يىل جەريانىدا، ئۇيغۇر خانلىقى تاڭ خاندانلىقى بىلەن ئىناق مۇناسىۋەتتە ئۆتكەن. ئۇيغۇر خانلىقى ئىككى نۆۋەت ئەسكەر چىقىرىپ تاڭ خاندانلىقىنىڭ ئەنلۇشەن — شى سىمىڭ ( ئۇگلۇك-سويگىن ) توپىلىڭىنى جىمىقتۇرۇپ، ئىككى پايتەخت ۋە خېبېي قاتارلىق جايلارنى قايتۇرۇۋېلىشىغا ياردەم بەرگەن. تاڭ خاندانلىقى ئۈچ نۆۋەت ئۆز مەلىكىسىنى ئۇيغۇر خاقانىغا ياتلىق قىلغان. ئۇيغۇر خاقانىمۇ تاڭ خاندانلىقىنىڭ مەنسەپ - ئۇنۋانىنى قوبۇل قىلغان. مىلادى 755 - يىلدىن كېيىن، ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن تاڭ خاندانلىقى ئوتتۇرىسىدا غايەت زور كۆلەمدە شايى - ئەتلەس بىلەن ئات، چاي بىلەن ئات سودىسى ئېلىپ بېرىلغان. 8 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، گەنسۇنىڭ خېشى رايونىنى تۈبۈتلار ئىشغال قىلىۋالغانلىقى ئۈچۈن، تاڭ خاندانلىقىنىڭ غەربىي رايون بىلەن بولغان سىياسىي، ئىقتىسادىي ئالاقىسى ۋە يىپەك يولىدىكى سودىسى ئۇيغۇر خانلىقى باشقۇرۇۋاتقان رايونلار ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان.

ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىقتىسادى، ئاساسلىقى، كۆچمەن چارۋىچىلىق قوشۇمچە ئاز مىقداردىكى دىخانچىلىقتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ چاغدا سودا ئىشلىرى مىسلىسىز ھالدا راۋاجلانغان. «ئۇيغۇرلاردىن مىڭدەك ئادەم دائىم پايتەختتە تۇراتتى، سودىگەر بولۇۋېلىپ ئارىلاش ئولتۇراقلاشقانلارمۇ ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە كۆپ ئىدى» ( «ئەسلىنى ئىبدارە قىلىش ئورنىكى»، 225 - جىلد )، سودا ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى شۇ چاغدا يىپەك يولىنىڭ ئۆزگەرتىلىپ ئۇيغۇرلار تەۋەسىدىكى رايونلار ئارقىلىق ئۆتكەنلىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

7 - ئەسىردە، ئۇيغۇرلار تۈرك ۋە قىرغىزلار بىلەن ئورتاق ھالدا تۈرك يېزىقىنى قوللانغان. 8- ئەسىردە، ئۇيغۇرلار سوغدى يېزىقى ئېلىپبەسىنى قوللىنىپ، ئۇيغۇر يېزىقىنى ياراتقان. ئۇيغۇرلار ئەسلىدە شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە مانى دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بەلگىلىگەن.

مىلادى 839 - يىلى، ئۇيغۇر خانلىقى ئېغىر تەبىئىي ئاپەتكە ئۇچرىغان ( «تاڭ سۇلالىسى تارىخىنىڭ مۇھىم بايانى» نىڭ 98 - جىلدىدا: «كەيچېڭنىڭ 4 - يىلى ...... ھەر يىلى ئۇدا ئاچارچىلىق ۋە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر سەۋەبى بىلەن قوي، ئاتلار كۆپ مىقداردا ئۆلگەن، يەنە قېلىن قار يېغىپ ئاپەتكە ئايلانغان» دېيىلگەن )؛

ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇر خانلىقىدىكى ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ھوقۇق تالىشىش ماجىرالىرى ئۈزلۈكسىز بولۇپ تۇرغاچقا، قىرغىزلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ھۇجۇم قىلىپ ئۇيغۇر خانلىقىنى يوقاتقان.

ئۇيغۇر خانلىقى يوقالغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار ئىككى چوڭ تارماققا بۆلۈنۈپ كۆچكەن: بويرۇق ۋە پانتېكىن باشچىلىقىدىكى 15 قەبىلە غەربتىكى قارلۇقلارنىڭ چارۋىچىلىق رايونىغا كۆچۈپ بارغان؛ ئۆگە باشچىلىقىدىكى 13 قەبىلە جەنۇبقا كۆچكەن. كېيىنكى بىر تارماقتىنمۇ كېيىن يەنە بىر قىسىم كىشىلەر ئايلىنىپ قارلۇقلار رايونىغا كۆچۈپ بارغان. «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە: "چېدىر - بارگاھلىرىنى يۆتكەپ تاغ ئورمانلىقىغا يوشۇرۇنۇپ، توبۇتلارنى بۇلىدى، كېيىنرەك پانتېكىنگە تەۋە بولدى" دېيىلگەن. شۇندىن كېيىن خېلى ئۇزۇن ۋاقىتلار ئۆتكەندە، ئۇيغۇرلار بىلەن قارلۇق قاتارلىقلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۈچ ھاكىمىيەت، يەنى: غەربىي ئوبلاست ئۇيغۇر خانلىقى، گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قارا خانىلار خانلىقىنى قۇرغان. بۇ ئۈچ ھاكىمىيەتنىڭ قۇرۇلۇش ئەھۋالى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. غەربىي ئوبلاست ئۇيغۇر خانلىقىنى ئۇيغۇرلاردىن غەربكە كۆچكەن 15 قەبىلە ئەسلى شۇ جايدا ياشاۋاتقان يەرلىك ئۇيغۇرلار، تېلېلار بىلەن بىرلىشىپ بىرلىكتە قۇرغان. «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە: "يى زوڭ دەۋرىدە (مىلادى 860 — 874 - يىللىرى) چوڭ قەبىلە باشلىقى بۆكە تېكىن شىمالىي ئوردا (ھازىرقى شىنجاڭ جىمسار ناھىيىسىدىكى خۇباۋزى)دىن توبۇتلارغا ھۇجۇم قىلىپ، غەربىي ئوبلاست، لۇنتەي (ئۈرۈمچى — ت) قاتارلىق شەھەرلەرنى ئالدى" دېيىلگەن. يەنە «ئەلنى ئىدارە قىلىش ئورنىكى» نىڭ 250 - جىلدىدا: "يى زوڭنىڭ شيەنتوڭ 7 - يىلى (مىلادى 866 - يىلى)، شىمالىي ئوردىدىن بۆكەتېكىن غەربىي ئوبلاست، شىمالىي ئوردا، لۇنتەي، چىگچىن قاتارلىق شەھەرلەرنى ئىشغال قىلدى" دېيىلگەن. غەربىي ئوبلاست تارىختا ئۇزۇن ۋاقىت تۈركلەر، تېلېلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان. بۇنىڭدىن خېلى بۇرۇنلا زور تۈركۈمدىكى ئۇيغۇرلار غەربىي ئوبلاستتا ياشاپ كەلگەن. «سۇڭ تارىخى. قوچو تەزكىرىسى» دە: "ئۆتۈكلۈك - سويگىن تۈپىلىكىدە، ئۇلارنىڭ يېرى قولدىن كەتكەن بولسىمۇ، دۆلەت بولۇپ ئەسلىگە كەلگەن، بۇ يەردە ئۇيغۇرلار كۆپ بولغاچقا، ئۇيغۇرلار زېمىنى دەپ ئاتالغان" دېيىلگەن. بۇ ئەھۋال مىلادى 840 - يىلدىن تەخمىنەن 80 يىل بۇرۇن بۇ جايدا خېلى كۆپ ساندا ئۇيغۇرلارنىڭ بارلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى رىۋايەتلىرىگە ئاساسلانغاندا، غەربىي ئوبلاست ئۇيغۇر خانلىقىنى موڭغۇل يايلىقىدىن شىمالىي ئوردا تەۋەسىگە كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلار قۇرغان (ئاۋۇ ياڭشۈەننىڭ «گۇيزەي توپلىمى. قوچودىكى چى جەمەتى شەجەرىسى» گە قاراڭ).

گەنجۇ ئۇيغۇر ھاكىمىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ناھايىتى ئۇزۇن تارىخىي مەنبەگە ئىگە. يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، مىلادى 1 - ئەسىردىلا خېشى رايونىدا كۆپ ساندىكى دىڭلىڭلار بولغان، تەخمىنەن، 7 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، يەنە بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلار گەنسۇنىڭ خېشى رايونىغا كۆچۈپ كەلگەن. «كونا تاڭنامە. تىيېلېلار تەزكىرىسى» دە: «ۋۇزېتيەن دەۋرىدە، تۈركلەر كۈچلىنىپ، تىيېلې قەبىلىلىرىدىن موڭغۇل دالىسىنىڭ شىمالىغا جايلاشقانلىرىنى تەدرىجى قوشۇۋالدى. خۇيخې (ئۇيغۇر)، چۇبە، ئىزگىل، غۇن قەبىلىلىرى گەنجۇ بىلەن لياڭجۇ ئوبلاستلىرىنىڭ ئارىلىقىدىكى جايلارغا كۆچۈپ كەلدى» دېيىلگەن. مىلادى 840 - يىلىدىن كېيىن خېشى رايونىغا كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ سانى ئاز ئىدى، خۇددى «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە ئېيتىلغاندەك، «قالدۇق قىسمى تۇبۇتقا كىرگەن». بۇ چاغدا خېشى رايونىدا ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلار دەسلەپتە تۇبۇتلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان، كېيىن يەنە جاڭ يىچاۋ قۇرغان ھاكىمىيەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان. خېشى ئۇيغۇرلىرى 10 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئاندىن ئۆز ئالدىغا ھاكىمىيەت قۇرغان. «بەش دەۋرنىڭ كونا تارىخى. تۇبۇت تەزكىرىسى» دە: «بەش دەۋر ۋاقتىدا، تۇبۇتلار ئاجىزلاشقان، ئۇيغۇر، تاڭغۇتلارنىڭ چاڭ - يى قەبىلىلىرى ئۇنىڭ زېمىنىنى بېسىۋالغان ........ گەنجۇ ئۇيغۇرلارنىڭ پايتەختى بولغان ......... (كېيىنكى) تاڭ سۇلالىسى تيەنچېڭنىڭ 3 - يىلى (مىلادى 928 - يىلى) ئۇيغۇرلار خانى رېنيۈي ئوردىغا زىيارەتكە كەلدى» دېيىلگەن. گەنجۇ ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى تەخمىنەن يۈز يىلدىن ئارتۇق ھۆكۈم سۈرۈپ، كېيىن تاڭغۇتلار تەرىپىدىن يوقىتىلغان.

قاراخانىلار ھاكىمىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشىمۇ ناھايىتى ئۇزۇن تارىخىي مەنبەگە ئىگە. قاراخانىلار ھاكىمىيىتىدىكى ھۆكۈمران مىللەت ئاساسلىقى قارلۇقلار ئىدى. قارلۇقلار ئەسلىدە تۈركلەرگە تەۋە بولۇپ، كېيىن ئۇيغۇرلارنى تەشكىل قىلغان 11 قەبىلىنىڭ بىرسى بولغان. قارلۇقلار ئەسلىدە تىيانشاننىڭ شىمالىغا ۋە ئۇنىڭ تېخىمۇ غەربىدىكى رايونلارغا جايلاشقان. «يېڭى تاڭنامە. ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە: «قارلۇقلار ئەسلىدە تۈرك قەبىلىلىرىدىن بولۇپ، جىزدې (مىلادى 756 — 758 - يىللىرى) دىن كېيىن، قارلۇقلار كۈچلىنىپ، ئۇيغۇرلار بىلەن پۇت تېپىشىپ، ئون ئۇرۇق خاقانلىقىنىڭ زېمىنىغا كۆچۈپ بارغان. سۈيئاپ (ھازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقى قىرغىزىستاندىكى توقماق ئەتراپىدا)، تالاس (ھازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقى قازاقىستاننىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى جامبۇل) شەھەرلىرى بار ئىدى» دېيىلگەن. بۇ، ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈشتىن 80 نەچچە يىل ئىلگىرىكى ۋاقىت ئىدى. كېيىن قارلۇقلار يەنە بالاساغۇن شەھىرىنى (ھازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقى قىرغىزىستاندىكى توقماقنىڭ شەرقى، چۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدا) ۋە قەشقەر شەھىرىنى ئىگەللىگەن ھەمدە 10 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا

قاراخانىلار سۇلالىسىنى قۇرغان. قاراخانىلار سۇلالىسى ئىككى يېرىم ئەسىردىن ئارتۇق ھۆكۈم سۈرۈپ، 1213 - يىلى غەربىي لياۋ تەرىپىدىن يوقىتىلغان.

مىلادى 5 - ئەسىردە، كۆپ سانلىق تېلىلار ئۆتۈرغول (قۇمۇل) دىن كىنىگىچىكىچە بولغان جايلارغا كۆچۈپ ماكانلاشقان، يەنە كۆپ سانلىق تېلىلار (دىڭلىڭلار) پىشامشان (چارقىلىق) بىلەن ئۇدۇن (خوتەن) گىچە بولغان رايونلارغا كۆچۈپ كېلىپ ماكانلاشقان. مىلادى 866 - يىلى ئۇيغۇرلار غەربىي ئوبلاست ئۇيغۇر ھاكىمىيىتىنى قۇرغان، مىلادى 10 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قارلۇقلار قاراخانىلار سۇلالىسىنى قۇرغان. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى زور ۋەقەلەر بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە مۇنۇ ئىككى ۋەقەنىڭ تەسىرى تېخىمۇ چوڭقۇر بولغان: بىرسى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى كۆچمەن چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىشتىن قەدەممۇ - قەدەم ئۆزگىرىپ، ئولتۇراقلاشقان دېخانچىلىقنى ئاساس قىلىشقا ئايلانغانلىقى؛ يەنە بىرسى، تىيانشان ئەتراپى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئەسلى بار مىللەتلەرنىڭ تەدرىجىي ھالدا ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنغانلىقى، يۇقۇرقى ئىككى تۈرلۈك ئۆزگىرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتىدىمۇ غايەت زور تەرەققىياتلار كۆرۈلگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشتىن دېخانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئۆتۈشى 9 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىنلا باشلانغان بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭدىن خېلى بۇرۇنلا بۇ ئۆزگىرىش باشلانغان. «شىمالىي سۇلالىلار تارىخى-تېلىلار تەزكىرىسى» دە: «يېقىن خوشنا غەرب تەرەپتىكىلەر باغۋەنچىلىك - تېرىقچىلىق قىلىدۇ» دېيىلگەنلىكى، ئەينى ۋاقىتتا غەربىي رايوندىكى تېلىلارنىڭ دېخانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى خېلى راۋاجلانغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

تىيانشان ئەتراپى ۋە تىيانشاننىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان ئەسلىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئۇيغۇرلىشىشىمۇ 9 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن باشلانغان بولماستىن، بەلكى بۇنىڭدىن كۆپ بۇرۇنلا باشلانغان. تېلىلار، تۈركلەر تىيانشان ئەتراپى ۋە تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى كەڭ رايونغا ئۇزۇن زامان ھۆكۈمرانلىق قىلغان بولغاچقا، ئۇ جايلاردىكى ئەسلى بار مىللەتلەرنىڭ تېلىلىشىشى، تۈركلىشىشى بۇرۇنلا باشلانغان ئىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى تېلىلىشىش ۋە تۈركلىشىش كېيىنكى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇرلىشىشقا شەرت ھازىرلىغان. تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى كەڭ رايونلارغا جايلاشقان كىنگىت تىلى (توخار تىلى ئا)، كۈسەن تىلى (توخار تىلى ب) ۋە قارۇشتى تىلى، ئۇدۇن تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ ئۇيغۇرلىشىشى ناھايىتى بۇرۇنلا باشلانغان. ۋېي چىڭجۇن ئەپەندىنىڭ بۇ ھەقتىكى پىكرى مۇنداق: «قوچونىڭ شىمالىدا كۈچلۈك دۆلەت بولۇپ،

ئۇنىڭغا بېقىنماي ئۆز ئالدىغا ياشىيالمىغاچقا، جۇجان، ئىگىز قاڭقىل، تۈرك، تىېلېلارغا تەۋە بولۇپ كەلگەن ھەم ئۇلارنىڭ مەنسەپ ئۇنۋانىنى قوللىغان. دولەت شاھى تۈركلەر بىلەن تويلاشقان، پۇخرالىرىمۇ بۇنىڭدىن خالى بولالمىغان، غەربىي رايوننى «تۈركىستان» غا ئايلاندۇرۇش مۇددىئاسى 9 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا خۇيخې (ئۇيغۇر)-لار ئۇ يەرگە يېتىپ بارغان ۋاقىتقا قالماي، 6 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىلا باشلانغان.» («غەربىي رايوندىكى جەنۇبىي دېڭىزنى تارىخ - جۇغراپىيە جەھەتتىن تەكشۈرۈپ ئىسپاتلاشقا دائىر مۇھاكىمە ماقالىلار توپلىمى» 44 - بەت) تۇرپان ئويمانلىقىدا ئولتۇرۇشلۇق كوپلىگەن خەنزۇلار ئۇيغۇرلىشىپ كېتىلگەن ئەھۋالدا، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ ئۇيغۇرلىشىپ كېتىلگەنلىكى تېخىمۇ چۈشىنىشلىكتۇر.

قوچو ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى ۋە قاراخانىلار سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسات ۋە مەدەنىيىتىدە ناھايىتى زور تەرەققىياتلار كۆرۈلدى. قوچونىڭ تەرەققىي تاپقان دېخانچىلىقى ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىكى بولۇپ، «بۇ جايدىن ھەر خىل ئاشلىق چىقاتتى، يەرلىرى مۇنبەت بولۇپ، بۇغداي يىلىغا ئىككى قېتىم پىشاتتى»، «قول ھۈنەردىكە ئۇستا ئىدى، مېتاللىچىلىققا ماھىر بولۇپ، كۈمۈش، مىس، تۆمۈردىن قورال-جابدۇقلار ياسايتتى ۋە قاش تېشى بۇيۇملىرى ياساش بىلەن شۇغۇللىناتتى»، «يىلپىز، سۇسەر، پاختا، يىپەك توقۇلما، پاختا رەختى چىقاتتى»، «سۇ تۈگمەنلىرى ياسايتتى». («سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. قوچو تەزكىرىسى» گە قارالسۇن). تەرەققىي تاپقان دېخانچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىكى ئاساسىدا، قوچو ۋە قاراخانىلارنىڭ سودا ئىشلىرى ناھايىتى راۋاج تېپىپ، بەش دەۋر خانلىقلىرى، شىمالىي سۇڭ خانلىقى، كىدانلار ۋە ھىندىستان، پېرسىيە، ئەرەبىستان قاتارلىق دولەتلەر بىلەن قويۇق سودا مۇئامىلىسى قىلىشقان. شۇ چاغدا ئىچكى رايونلارغا، ئاساسلىقى، ئات، دورا ماتېرىياللىرى، خۇشپۇراق ماتېرىياللار، قاش تېشى ۋە قاش تېشىدىن ياسالغان بۇيۇملار، پاختا رەخ، پاختا، يۇڭرەخ، ئەلتېرە قاتارلىق تاۋارلار توشۇپ ئاپىرىلاتتى («كىتاپلار جەۋھىرى» نىڭ 972 - جىلدىگە قارالسۇن). خەنزۇ سودىگەرلىرىمۇ قاراخانىلار تەۋەسىگە بېرىپ سودىگەرچىلىك قىلاتتى، «قۇتادغۇ بىلىك» تە: «جۇڭگو كارۋانلىرى ئۆز بايرىقىنى كېسىپ تاشلىۋەتكەن بولسا، مىڭ - تۈمەن خىل جاۋاھىراتلار نەدىن كېلەتتى؟» دېيىلگەن (گېڭ شىمىن تەرجىمە قىلغان خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسى، 200 - بەت).

ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ دەۋردىكى يېزىقى سوغدى ئېلىپبەسىدىكى قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقى ئىدى، قاراخانىلار سۇلالىسى 10 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلغاندىن كېيىن، تەدرىجىي ھالدا ئەرەپ ئېلىپبەسىدىكى قەدىمقى ئۇيغۇرلار يېزى-

دىنىنى قوللىغان. مەدەنىيەت تەرەققىي قىلغانچىقا، بىر تۈركۈم مەشھۇر ئەسەرلەر مەيدانغا كەلگەن. مەسىلەن، قوچولۇق ئۇيغۇر ئالىمى سىنقۇ سەلى «بۈيۈك تاڭ سۇلالىسى ئۈچ غەزىنىلىك نوم ئۇستازىنىڭ تەرجىمىھالى» نى يەنى شۈەنجۇاڭ تەرجىمىھالىنى خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان. قاراخانىلار ئالىمى يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ-بىلىك» داستانىنى، مەھمۇت قەشقىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى يازغان. قوچو ۋە قاراخانىلار خانلىقلىرىدا كۆپ خىل دىن، مەسىلەن، مانى دىنى، بۇددا دىنى، نىستورىيان دىنى، زەردەش (ئاتەشپەرەسلىك) دىنى ۋە ئىسلام دىنى تارقالغان. 10-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، قاراخانىلار سۇلالىسى تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلار تەدرىجىي ھالدا ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلغان، قوچو ئۇيغۇرلىرىدا بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلىش ئاساس قىلىنغان، قوچو ئۇيغۇرلىرى 15-ئەسىردىمۇ بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلغان، قۇمۇل رايونىدىكىلەر مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى (17-ئەسىرنىڭ باشلىرى) دىن باشلاپ ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلغان.

1124-يىلى لياۋ خانلىقىنىڭ خان جەمەتىدىن يالۇغ تاش ئوز قەۋمىنى باشلاپ غەرپكە كۆچۈپ، قۇز ئوردۇ (ھازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقى قىرغىزىستاندىكى توقماقنىڭ شەرقى، چۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقى) دا پايتەخت قۇرغان، بۇ تارىختا غەربىي لياۋ خانلىقى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭ تەۋەزىمىنى شىنجاڭ ۋە ئۇنىڭ غەربىدىكى رايونلارنى ئوز ئىچىگە ئالاتتى. 1211-يىلى نايمانلار خانى كۈچلۈك غەربىي لياۋ ھاكىمىيىتىنى تارتىۋالغان بولسىمۇ، 1218-يىلى موڭغۇللار تەرىپىدىن يوقىتىلغان. بۇ مەزگىلدە، ھازىرقى شىنجاڭ دائىرىسىدىكى ئۇيغۇرلار ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، غەربىي لياۋ ۋە نايمان ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان. 1209-يىلى، قوچو ئىدىقۇتى تەشەببۇسكارلىق بىلەن موڭغۇللاردىن چىڭگىزخانغا ئەل بولۇشنى تەلەپ قىلغان. «يۈەن سۇلالىسىنىڭ يېڭى تارىخى» نىڭ 51-جىلدىدا: «تەيزۇنىڭ 6-يىلى (1209-يىلى)، ئۇنىڭ ئىدىقۇتى ئوردىغا كەلدى. دارغاچىنى ئۇلارغا تەپتىش قىلىپ تەيىنلىدى» دېيىلگەن. 1324-يىلى، چاغاتاي خانلىقىغا قوشۇلۇپ كەتكەن. چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى قۇرغان يۈەن خاندانلىقى نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر سىياسىيونلىرى، ھەربىي ئالىملىرى ۋە ئىلىم ئەھلىلىرىنى ئىشلەتكەن. بۇلار موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ جىن ۋە جەنۇبىي سۇڭ خاندانلىقلىرىنى بويسۇندۇرۇشىغا ياردەم بەرگەن ھەمدە موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىگە ياردەملىشىپ تۈرلۈك قائىدە-نىزام، تۈزۈملەرنى ۋە ئەڭ دەسلەپكى موڭغۇل يېزىقىنى ئىشلەپ چىققان. يۈەن خاندانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلاردىن كۆپلىگەن ئەمەلدار، ئالىم، سودىگەر، ئەسكەرلەر ئېلىمىزنىڭ ئىچكى زايونلىرىغا كۆچۈپ بېرىپ ماكانلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار خەنزۇلار بىلەن

ئۇيغۇرلار، موڭغۇللار ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ راۋاج تېپىشىدا ناھايىتى زور رول ئوينىغان. مەشھۇر تەرجىمان ئەنەزاك «قەدىمنامە»، «چىڭگىزخان يىللىرىدىكى سىياسىي ئىشلار خاتىرىلىرى»، «ئەللىنى ئىدارە قىلىش تۈزۈمىنىكى»، «دورا كىتابلار» قاتارلىق كىتابلارنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان، يەنە بىر تۈركۈم ئۇيغۇر ئالىملىرى تارىخ، ئەدەبىيات، پەن - تېخنىكا جەھەتلەردە دائىر خەنزۇ يېزىقىدا نۇرغۇن ئەسەرلەر يازغان. مەسىلەن، لەنجوۋ شەنخەيىيا، سارابان ئايرىم-ئايرىم ھالدا «ليائۇ سۇلالىسى تارىخى»، «جىن سۇلالىسى تارىخى»نى يېزىپ چىقىشقا قاتناش-قان. گۇەنيۈنشى، سەيدۇللا، مازۇچاڭ قاتارلىقلار نۇرغۇنلىغان چاچما شېئىر، نەزمە ۋە نەسرىي ئەسەرلەر يازغان، لۇممىگشەن «دېخانچىلىقتىن ئوزۇق - تۈلۈك، كىيىم - كېچەك تەييارلاشنىڭ ئاساسلىرى»نى يېزىپ چىققان، ۋاھاكازالار.

1370 - يىلى، چاغاتاي خانلىقى يوقىلىپ، ھازىرقى شىنجاڭ دائىرىسى بىر مۇنچە بۆلۈنمە ھاكىمىيەتكە ئايرىلىپ كەتكەن. («زېمىنى چوڭلىرى دۆلەت دېيىلسە، كىچىكلىرى ئۆز جايلىرى بويىچە ئاتالغان» («مىڭ سۇلالىسى تارىخى. غەربىي رايون تەزكىرىسى»). بۇ بۆلۈنمە ھاكىمىيەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىرى يەنىلا چاغاتاي موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان. بۇ موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى ھوقۇق - مەنپەئەت تالىشىش ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۆزلۈكسىز تۈردە ئۇرۇش قوزغاپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىغا ئىنتايىن زور بۇزغۇنچىلىقلارنى سالغان. بۇ موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى ئۇيغۇرلار ئۈستىدە ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا قولايلىق تۇغدۇرۇش ئۈچۈن، بەشبالىقلىق مەخمۇت تۇغلۇق تۆمۈرخانغا ۋارىسلىق قىلىپ، موڭغۇللار ئارىسىدا ئىسلام دىنىنى مەجبۇرىي يولغا قويۇپ، نۇرغۇنلىغان موڭغۇللارنى ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلدۇرغان. بۇ چاغدا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئىسلام دىنىدىكىلەردىن بەزى دىنىي يۇقۇرى قاتلامدىكىلەر ئەۋلىيالارنىڭ نەسەبنامىسىنى ئۆز جەمەتىگە ئۇلاپ ئۆزلىرىنى سەييىت - خوجا دەپ كۆككە كۆتىرىشكەن. ئاق تاغلىقلار ۋە قارا تاغلىقلاردىن ئىبارەت بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى مەزھەپ نامى بىلەن ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشنى مەقسەت قىلغان ئىككى سىياسىي گۇرۇھ شەكىللەنگەن («شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 1 - قىسىم، 7 - باپ). بۇ مەزگىلدە يەنە بىر مۇھىم تارىخىي ۋەقە شۇ بولدىكى، ئۇيغۇرلارنىڭ دېخانچىلىق رايونلىرىدا ياشاۋاتقان زور تۈركۈمدىكى موڭغۇللار ۋە خەنزۇلارمۇ داۋاملىق ھالدا ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ئاسسىمىلاتسىيە قىلىنىپ كەتكەن.

17 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، تىيانشان تېغى ئارىلىقىدىكى ئويمانلىقلار — قارا شەھەر، تۇرپان، قۇمۇلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تىيانشاننىڭ جەنۇبىي بويىچە يەركەن خانلىقى قۇرۇلغان. بۇ فېودال خانلىقنىڭ ئاھالىسى، ئاساسلىقى، ئىسلام دىنىغا ئېتىق-

قات قىلغان ئۇيغۇرلار بولسىمۇ، ئۇلىنىڭ ھوكۇمرانلىرى يەنىلا ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان چاغاتاي موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئەۋلاتلىرى بولغان. يەركەن خانلىغى بىلەن چىڭ خاندانلىغى ھوكۇمىتى ئوتتۇرىسىدا ئولپان تولەش، سودا جەھەتتە ياخشى ئوتۇش مۇناسىۋىتى ساقلانغان، يەركەن خانلىغىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئاق تاغلىقلار بىلەن قارا تاغلىقلارنىڭ قارىمۇ-قارشىلىق كۆرىشى ئۇ پەيىتتىن، 1755 - يىلى ئاق تاغلىق خوجىلار جۇڭغار موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ جەنۇبىي شىنجاڭغا ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، يەركەن خانلىغىنى يوقاتقان.

1655 - يىلى، چىڭ خاندانلىغى ھوكۇمىتى جۇڭغار موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ توپىلىڭىنى تىنجىتقان، 1659 - يىلى يەنە چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلىڭىنى جىمىقتۇرغان. 1662 - يىلى چىڭ خاندانلىغى كۆرە (خۇيىيۈەن) شەھىرىدە ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، ھازىرقى شىنجاڭ ۋە بالقاش كولىنىڭ جەنۇبى ۋە شەرقىنىڭ ھەربى - مەمۇرى ئىشلىرىنى باشقۇرغان. ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭ دائىرىسىدە ئوخشاش بولمىغان ئۈچ خىل سىياسى تۈزۈم يولغا قويۇلغان. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلىرىدا يەنىلا بەگلىك تۈزۈمى قوللىنىلغان، پەقەت مىراس تۈزۈمىلا ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. ھەر دەرىجىلىك بەگلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان مىقداردا يەرلىرى ۋە شۇ يەرلەرگە بېقىنداقىلىنغان دىخانلىرى بولىدىغانلىغى، ھەر دەرىجىلىك بەگلەرنىڭ ئۆزلىرىگە بېقىنداقىلىنغان دىخانلارنى ھەقسىز ئەمگەككە سېلىپ ئېكىسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان فېئوداللىق ئىمتىيازلارغا ئىگە ئىكەنلىكى بەلگىلەنگەن. ئۈرۈمچى ئەتراپى ۋە ئۇنىڭ شەرقىدىكى قۇمۇلدىن باشقا جايلاردا ئىچكى رايونلاردىكىگە ئوخشاش ناھىيە تۈزۈمى يۈرگۈزۈلگەن. موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىگە ۋە چىڭ خاندانلىغىغا بۇرۇنراق تەسلىم بولۇپ بېقىنغان. قۇمۇل، لۈكچۈن قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ باشلىق-لىرىغا قارىتا جاساق تۈزۈمى يۈرگۈزۈلگەن، ئۇلارغا ۋاڭ تەيىنلەنگەن، بۇلار ئەۋلاتتىن ئەۋلاتقا مىراس قالىدىغان فېئودالىق يەرلەرگە ئىگە بولغان.

چىڭ خاندانلىغى شىنجاڭنى يېڭىۋاشتىن بىرلىككە كەلتۈرۈش بىلەن، ئۇزۇن ۋاقىت داۋام قىلغان بولۇنۈش ۋە قالايمىقان ئۇرۇش ۋەزىيىتىگە خاتىمە بېرىلىپ، جەمىيەت ئەمىن-لىككە يۈزلەنگەن، ئالۋاڭ - ياساق، باج يەڭگىللىگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر بىلەر ۋە خەلقنىڭ بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشى يولغا قويۇلۇپ، پۈتكۈل جەمىيەت ئىقتىسادى راۋاجلانغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دولەت مۇداپىئەسى كۆچەيتىلگەچكە بۇنىڭ چاررۇسىيە، ئەنگلىيە قاتارلىق كاپىتالىستىك كۈچلۈك دولەتلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا تاقابىل تۇرۇشقا پايدىسى يەتكەن. چاررۇسىيىنىڭ موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىدىن ئامۇرسانا بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ مەملىكىتىمىزنى پارچىلاش سۇيىقەستى تارمار قىلىنغان.

ئەنگلىيە ۋە قوقەندنىڭ قوللىشىدىكى چوڭ خوجا ئەۋلادلىرىدىن جاھانگىر يۈسۈپ قاتارلىقلارنىڭ كۆپ قېتىملىق توپىلاڭلىرى مەغلۇپ قىلىنغان.

ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، چىڭ خاندانلىقى ھۆكۈمىتىنىڭ كۈندىن - كۈنگە چىرىكلەشكەنلىكى، چوڭ خوجا ئەۋلادلىرىنىڭ دۈشمەنگە قول - چوماق بولغانلىقى تۈپەيلىدىن، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادى ئىنتايىن زور بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. ئىچكىرىنىڭ شىنجاڭغا ھەر يىلى ياردەم بېرىدىغان تەمىناتىمۇ تەدرىجى ئازايغان. بولۇپمۇ ئەمەلدارلارنىڭ چىرىكلىكى، چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمەلدار مەھكىمىلىرىنىڭ يەرلىك فېئودال كاتتىۋاشلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ھەر مىللەت خەلقىنى ۋەھشىيلەرچە تالان - تاراج قىلىشى تۈپەيلىدىن، خەلق تۇرمۇش كەچۈرەلمەس ھالەتكە كېلىپ قالغان. بۇ ئەھۋال 19 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىغا كەلگەندە ئۇيغۇر، خۇيزۇ، قىرغىز، خەنزۇ قاتارلىق ھەر مىللەت خەلقى قاتناشقان پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە كېڭەيگەن دېھقانلار قوزغىلىڭىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ھەر قايسى جايلاردىكى قوزغىلاڭنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقى كېيىن دىنىي يۇقۇرى قاتلام كىشىلىرى تەرىپىدىن تارتىۋېلىنىپ، ھوقۇق - مەنپەئەت تالىشىش قىرغىنچىلىقى يۈز بەرگەن. 1865 - يىلى ئەنگلىيىنىڭ غالچىسى، قوقەند دۆلىتىنىڭ سەركەردىسى باندىت ياقۇپبەگ شىنجاڭغا بېسىپ كىرىپ، ۋەھشىيلەرچە قىرغىنچىلىق ۋە سۈيىقەست، ھىيلە - مىكىر ۋاستىلىرى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە ئۈرۈمچىدىكى بولۇنمە ھاكىمىيەتلەرنى يوقىتىپ، ئەكسىيەتچىل فېئودال خانلىق قۇرغان. 1871 - يىلى چار روسىيە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئىلىمىزنىڭ ئىلى رايونىنى بېسىۋالغان.

دۆلەت زېمىنىنىڭ رەڭگى ئۆزگىرىۋاتقان بۇ جىددىي پەيتتە، زوزۇڭتاڭ باشقىلارنىڭ پىكرىنى رەت قىلىپ، شىنجاڭغا قوشۇن تارتىپ كىرگەن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت، قوراللىق كۈچلىرىنىڭ ئۇنىڭغا ماسلىشىپ ئۇرۇش قىلىشى ھەمدە ھەربىي تەمىنات، ئارقا سەپ خىزمىتىگە ئاكتىپ ياردەم بېرىشى بىلەن، 1867 - يىلى ياقۇپبەگ باندىتلىرىنى يوقاتقان ھەمدە 1881 - يىلى چار روسىيە تاجاۋۇزچى قوشۇنىنى ئۇنىڭ ئىشغال قىلىپ تۇرۇۋاتقىنىغا 10 نەچچە يىل بولغان ئىلى رايونىدىن چېكىنىپ چىقىشقا مەجبۇر قىلغان. زوزۇڭتاڭ — قوشۇنغا باشچىلىق قىلىپ شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىپ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشتىن ئىبارەت بۇ زور مەسىلىدە، كۆرۈنەرلىك نەتىجە كۆرسەتكەن ۋەتەنپەرۋەردۇر.

1884 - يىلى، شىنجاڭدا ئۆلكە قۇرۇلۇپ، ئۆلكە بويىچە ۋىلايەت، مەھكىمە، نازارەت، ئوبلاست، ناھىيە تەسىس قىلىنغان، مەمۇرى ئاپاراتلارنىڭ تەسىس قىلىنىشى ئىچكى رايونلارنىڭكى بىلەن بىردەك بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، جايلار-

نىڭ ھاكىم بەگلىرى بىكار قىلىنىپ، فېئودال كۈچلەر ئاجىزلىتىلىپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكى كۈچەيتىلگەن، سىرتنىڭ تاجاۋۇزىغا تاقابىل تۇرۇش كۈچى ئاشۇرۇلغان.

1911 - يىلى، شىنخەي ئىنقىلاۋىدىن كېيىن شىنجاڭدىمۇ بۇنىڭغا دەرھال ئاۋاز قوشۇلغان، ھەر مىللەت خەلقى قاتناشقان ئۈرۈمچى قوزغىلىڭى ۋە ئىلى قوزغىلىڭى پارتلاپ، چىڭ خاندانلىقىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بېرىلگەن. لېكىن بۇ بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىنىڭ ئاجىزلىقى، مۇرەسسەچىلىكى تۈپەيلىدىن، شىنجاڭنىڭ ھەربى - مەمۇرى ھوقۇقى فېئودال مىلىتارىست ياڭ زېڭشىن ۋە جىن شۇرېنلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان، «مىنگو» دىگەن سۆز قۇرۇق گەپ بولۇپ قالغان.

1931 - يىلى، قۇمۇلدا قۇمۇل ۋاڭىنىڭ فېئوداللىق ئالۋاڭ - ياساقلىرىغا قارشى دىخانلار قوزغىلىڭى پارتلىغاندا، مىلىتارىست جىن شۇرېن قوشۇن ئەۋەتىپ باستۇرغان. ئۇنىڭدىن كېيىن، گەنسۇ مىلىتارىستلىرىدىن ماجۇڭيىڭ شىنجاڭغا بېسىپ كىرگەن، مىلىتارىستلار ئوتتۇرىسىدىكى قالايمىقان ئۇرۇش يۈز بەرگەن. مىلىتارىست جىن شۇرېننىڭ ھۆكۈمرانلىق كۈچى ئاجىزلىتىلغاچقا، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىمۇ دىخانلار قوزغىلىڭى كۆتىرىلگەن. بۇ چاغدا شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەت چوڭقۇرلاشقان، مىلىتارىست جىن شۇرېن ئائىلاج تەختتىن چۈشكەن، 1933 - يىلى شېڭ شىسەي پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شىنجاڭنىڭ ھەربى - مەمۇرى ھوقۇقىنى تارتىۋالغان.

1921 - يىلى جوڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن، جوڭگو ئىنقىلاۋى يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاپ باسقۇچىغا كىردى. جوڭگو كوممۇنىستلىرى 1933 - يىلدىن باشلاپ شىنجاڭدا ئىنقىلاۋىي پائالىيەت ئېلىپ باردى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىنلىن جىلىۋ قاتارلىق بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر كوممۇنىستلارنى شىنجاڭدا خىزمەت ئىشلەشكە ئەۋەتتى. ئۇلار شىنجاڭنىڭ ئىگىلىگىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە ئىشلىرىنى يولغا قويۇش، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدوڭ ئىدىيىسىنى تارقىتىش جەھەتلەردە زور تۆھپىلەرنى كۆرسەتكەن ئىدى. كېيىن شېڭ شىسەي ئوچۇقتىن - ئوچۇق گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە تەسلىم بولۇپ، چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن قاتارلىق يولداشلارنى پاجىئەلىك ھالدا ئۆلتۈردى.

1944 - يىلى، مەملىكەت بويىچە ئىنقىلاپ ۋەزىيىتىنىڭ غەلىبىلىك تەرەققىياتىنىڭ ئىلھامى، جوڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تەسىرى بىلەن بەزى ئىنقىلاۋىي ياشلارنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئىلى، ئالتاي، تارباغاتاي ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى پارتلاپ، ئۈچ ۋىلايەت بويىچە ئىنقىلاۋى ھاكىمىيەت قۇرۇلدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىي جوڭگو خەلق دېموكراتىك

ئىنقىلاۋىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھەربىي قوشۇنلىرىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ تۇردى. ئازاتلىق ئۇرۇشقا ماسلاشتى، شىنجاڭنىڭ تېچلىق بىلەن ئازات قىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىغا ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل قىرغىز، شىبە، خۇيزۇ، خەنزۇ قاتارلىق ھەر مىللەت خەلقى قاتناشقان. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ رەھبەرلىرى ئەخمەتجان، ئىسھاقبەگ، ئاببasوپ، دەلىلقان قاتارلىق كىشىلەر ئىدى.

1944 - يىلى 9 - ئايدا، جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ بىرىنچى دالا ئارمىيىسى گەنسۇنىڭ غەربىي رايونىغا قاراپ غەلىبىلىك ئىلگىرىلىدى، شۇ يىلى 9 - ئاينىڭ 25 - ۋە 26 - كۈنلىرى، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ گېنېرالى تاۋسىيۆ ۋە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بۇرھان ھەقىقەتكە قايتقانلىقىنى جاكالىدى، شىنجاڭ تېچلىق بىلەن ئازات بولدى، شۇ يىلى 10 - ئايدا، جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ بىرىنچى بىڭتۈەنى قوماندانى يولداش ۋاڭ جېننىڭ باشچىلىقىدا شىنجاڭغا كىرىپ ئورۇنلاشتى. 12 - ئايدا، ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكىلەرنىڭ دېموكراتىك كېڭىشى ئارقىلىق شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. «ئورتاق پروگرامما» غا ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا بىرىكتۈرۈپ، سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش ئاكېچىنى تۈزۈپ چىقىلىپ: شىنجاڭ دائىرىسىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر تەڭ - باراۋەر بولۇش، ئىتتىپاقلىق - ھەمكارلىقنى يولغا قويۇش، ھەر مىللەت ئىچىدىكى خەلق دۈشمەنلىرىگە قارشى تۇرۇش، چوڭ مىللەتچىلىك ۋە تار مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش، ئامېرىكا، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ كەتمىنىنى چاپىدىغان ئەكسىيەتچىل پانتۈركىزمگە قارشى تۇرۇش، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تىل - يېزىقىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئۆزلىرىنىڭ ئۆرپ - ئادەت ۋە دىنىي ئېتىقادىنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئۆزگەرتىش ئەركىنلىكى بولۇش، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى بارلىق كەمسىتىش، ئېزىش ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش ھەرىكەتلىرىنى مەنئى قىلىش ئېنىق بەلگىلەندى.

شىنجاڭ تېچلىق بىلەن ئازات بولغاندىن كېيىن، دېموكراتىك ھاكىمىيەت قۇرۇلۇپ، قوراللىق باندىت - ئىشپىيونلار تازىلىنىپ ۋە ئەكسىلئىنقىلابچىلار باستۇرۇلۇپ، جەمئىيەت تەرتىۋى خاتىرجەم قىلىنىدى. 1951 - يىلى كۈز پەسلىدىن 1952 - يىلى ياز پەسلىگىچە، يېزىلاردا ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى ئورۇنلىنىپ، يېزىلاردىكى فېئوداللىق تۈزۈم ئاجىزلىتىلدى، 1952 - يىلى باھار پەسلىدىن 1953 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، 57 دېخانچىلىق ناھىيىسىدە ۋە ئۈچ شەھەرنىڭ شەھەر ئەتراپى رايونلىرىدا يەر ئىسلاھاتى ۋەزىپىسى ئورۇنلاندى،

نىڭ مېتال، توقۇمىچىلىق، قەغەزچىلىك، شېكەرچىلىك قاتارلىق زامانىۋى سانائەتلەر
رپا قىلىندى، بەزى مەھسۇلاتلار بىلەن ئۆزىنى تەمىنلەپ ئېشىنىدىغان بولدى،
ىنداش ئۆلكە-رايونلارغىمۇ ياردەم بەردى، دۆلەت سىرتىغا سېتىپ بەردى. 1982-يىللىق
ىيا ئەت مەھسۇلاتىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 1949-يىلدىكىدىن 54.5 ھەسسە،
19-يىللىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 1949-يىلدىكىدىن
ھەسسە ئاشتى. سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى
تۆرىچە 13.2 ھەسسە ئاشتى. ئىشلەپچىقىرىشنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭدىكى
مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى. ئازاتلىقتىن بۇرۇن، شىنجاڭدا
ران بىرلا ئالىي مەكتەپ بولۇپ (تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى قوبۇل
ىنىپ، ئۈچ يىلدا ئوقۇشنى تۈگىتەتتى)، مەكتەپتىكى ئازسانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى
ان 185 ئىدى. 1980-يىلى، ئاپتونوم رايونى بويىچە ئالىي مەكتەپ ۋە تېخنىكوملار
گە، بۇنىڭدا ئوقۇۋاتقان ئازسانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى 6443 كە يېتىپ،
زاتلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكىدىن 33.8 ھەسسە كۆپەيدى. 1980-يىلى ئوتتۇرا
نچىلىك مەكتەپلەردىكى ئازسانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى 1949-يىلدىكىدىن
95 ھەسسە كۆپەيدى. 1980-يىلى باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى ئازسانلىق
لەت ئوقۇغۇچىلىرى 1949-يىلدىكىدىن 54.8 ھەسسە كۆپەيدى. 1950-يىلى
پتونوم رايونى بويىچە پەقەت كۆلىمى كىچىك 48 دوختۇرخانا بار ئىدى، ھازىر
8 دوختۇرخانا بولۇپ، 1949-يىلىنىڭ 18.42 ھەسسىسىگە توغرى
ىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تىبابەتچىلىكى دىققەت ئېتىۋارغا ئېرىشتى، ئۇيغۇرلارنىڭ
ەنئەنىۋى تىبابەتچىلىكى بويىچە تەتقىقات ئاپاراتى، دوختۇرخانا ۋە كېسەل كۆرۈش
ورۇنلىرى تەسىس قىلىندى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئازسانلىق
ىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش خىزمىتىگە ئەزەلدىن ئەھمىيەت بېرىپ
لدى. 1949-يىلى، ئاپتونوم رايونى بويىچە ئازسانلىق مىللەت كادىرلىرى
300 مىڭدىن ئارتۇغراق ئىدى، 1980-يىلى 140 مىڭ 800 قانچە كىشىگە يېتىپ،
46 ھەسسىدىن ئارتۇق كۆپەيدى. 1950-يىلى ئاپتونوم رايونى بويىچە ئاز
سانلىق مىللەت تېخنىك كادىرلىرى 460 ئىدى، 1980-يىلى 40 مىڭ 180
ە يېتىپ، 87 ھەسسە كۆپەيدى. ھازىر زور تۈركۈمدىكى ئۇيغۇر كادىرلار پارتىيە
، دۆلەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتىدۇ.

ئازاتلىقتىن كېيىن، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسەت ۋە دىنىي سىياسەتلىرى
ىزچىل ئىجرا قىلىنىپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يولغا قويۇلدى،

ئۇيغۇر ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر خوجايىنلىق ھوقۇقىنى يۈرگۈزدى ، پارتىيىنىڭ
سوتسىيالىزىمنى ، ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش ئىدىيىسى كىشىلەر قەلبىدە چوڭقۇر ئور
ئالدى ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى . باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق
ھەمكارلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەت ئورنىتىلدى ھەمدە ئۈزلۈكس
راۋاجلاندى .

قەدىمدىن بۇيان ، ئۇيغۇرلار ئەمگەكچان ، باتۇر ئاتىلىپ كەلگەن مىللە
بولۇپ ، پارلاق مىللىي مەدەنىيەت ياراتقان . قېرىلارنى ھۆرمەتلەپ كىچىكلەر
ئاسراش، ئەدەپ - قائىدىگە ئەھمىيەت بېرىش ، مېھماندوستلۇق ، ناخشا - ئۇسۇ
ماھىرلىق ، دەل - دەرەخ ، گۈل - چېچەك ئۆستۈرۈشكە ئامراقلىق — ئۇيغۇرلارنى
مەنىۋى مەدەنىيەت جەھەتتىكى كۆرۈنەرلىك خۇسۇسىيەتلىرى ، ئۇيغۇرلار دېھقانچىلىق بىل
شۇغۇللىنىشتا ئۇزاق ۋاقىتلىق ئەنئەنىگە ئىگە . شىنجاڭ رايونىنىڭ يىللىق ھول
يېغىن مىقدارى بەك ئاز بولۇپ ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ يىللىق ھول - يېغىن مىقدا
ئاران بىر نەچچە مىللىمېتىردىن بىر نەچچە ئون مىللىمېتىرغىچىلا كېلىدۇ ، پەق
قار - يامغۇرغا تايانغاندا ، بەزى تاغلىق رايونلاردىن باشقا جايلاردا د
قانداق دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى ئېلىپ بېرىش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭلاشق
قۇرغاقچىلىققا قارشى كۆرەش قىلىشتا ، ئۇيغۇر دېھقانلىرى مول تەجرىبىلەر توپلىغا
كۆپلىگەن جايلار دېھقانچىلىق ئېتىزلىرىنى ئېرىق - ئۆستەڭ، سۇ ئامبىرى ياسا
ئارقىلىق سۇغۇرىدۇ . نەيە ناھىيىسى قاتارلىق جايلار، ئاساسلىقى، قۇدۇق ئارقىل
سۇغۇرىدۇ. تۇرپان ئويمانلىقى بىلەن قۇمۇل ئويمانلىقىدا ، كۆپلىگەن كارىزلار ئارقىل
سۇغۇرىدۇ . 1958 - يىلدىكى تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، تۇرپان ئويمانلىقىدى
ئۈچ ناھىيىدە جەمئىي 1158 يول كارىز بولۇپ ، بۇنىڭ بىلەن سۇغۇرىلىدىغ
يەر كۆلىمى ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 70 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى تەشك
قىلىدۇ. ئەگەر شىنجاڭدىكى بارلىق كارىزلار بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇلسا ، ئۇن
ئۇزۇنلۇقى 2 — 3 مىڭ كىلومېتىرغا يېتىشى مۇمكىن. بۇ، ئېلىمىزدىكى بېيجىڭدى
خاڭجۇغىچە بولغان چوڭ قانالدىن ( ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1794 كىلومېتىر ) كۆ
ئۇزۇن . شۇڭا بەزىلەر ؛ كارىزلارنىڭ ھەيۋەتلىكى سەددىچىن ، ۋە چوڭ قاناللاردىن قېلىشمايد
دېگەن . بۇ سۆز بەك ئاشۇرۇۋەتكەنلىك ھېسابلانمايدۇ ، ئەلۋەتتە. كارىز
ئادەتتىن تاشقىرى ماھارەت بىلەن لايىھىلەنگەن ، چوڭقۇرلۇقتىن تېيىزلىققا
يەتكۈزۈپ كولانغان تىك قۇدۇقلارنىڭ تېگى يەر ئاستى ئېرىقلىرى بىلەن بىر - بىر
تۇتاشتۇرۇلغان ، يەر ئاستىدىكى سۇ يەر ئاستى ئېرىقلار ئارقىلىق ئۆزلۈكىدىن ئېق
يەر ئۈستىگە چىقىدۇ ، ھېچقانداق سۇ تارتىش سايمىنى ۋە ھەركەتلەندۈرگۈچى ك

ئىشلىتىلمەيدۇ، كارىز كولاش ئەمگىكى ئىنتايىن جاپالىق بولۇپ، ئۇنىڭ تېخنىكىسىمۇ راسا كامالەتكە يەتكەن. بۇ، ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ئەمگەكچان ۋە ئەقىل - پاراسەتلىك ئىكەنلىكىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىن ياپ - يېشىل بوستانلىقلار تارىم ئويمانلىقىنى گويا مارجاندەك قورشىۋالغان، خۇددى يەنە ياپ - يېشىل ئاراللاردەك ساپ - سېرىق قۇم دېڭىزىغا تارقالغان. بۇستانلىقلارنىڭ مۇنبەت دالىلىرى گۈزەل، ئۈنۈملۈك، جۇشقۇن، لېكىن ئۇلار چوڭ تەبىئەتنىڭ مەرتلەرچە قىلغان سوغىسى ئەمەس، بەلكى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئۆزلىرىنىڭ قان - تەرلىرى بىلەن سۇغارغانلىقىنىڭ جەۋھىرىدۇر.

ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئىشلەپچىقىرىدىغان ئاشلىق زىرائەتتى ۋە ئىقتىسادىي زىرائەتلەر مول ۋە خىلمۇ - خىل، بولۇپمۇ پاختىكارلىق ۋە باغۋەنچىلىك جەھەتلەردە مول تەجرىبىگە ئىگە. شىنجاڭدا ئەڭ كېيىن دىگەندىمۇ جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلار دەۋرىدە كۆپلەپ كېۋەز تېرىلغان، ئىچكى رايونلاردا كېۋەزنىڭ كۆپلەپ تېرىلىشى يۈەن سۇلالىسىدىن كېيىن بولغان، ئېلىمىزنىڭ ئىچكى رايونلىرىغا كېۋەز تېرىش تېخنىكىسى دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇق ئىككى يول ئارقىلىق كىرگەن. شىنجاڭنىڭ پاختىكارلىق تېخنىكىسى قۇرۇقلۇق يولى ئارقىلىق ئىچكى رايونلارغا كىرگەن. شىنجاڭدا تەرەققىي تاپقان باغۋەنچىلىك بولغاچقا، قوغۇن - تاۋۇز، يەل - يېمىش يۇرتى دىگەن گۈزەل نامغا ئېرىشكەن. شىنجاڭنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدىن كۆپ مىقداردا، خىلمۇ - خىل تاتلىق قوغۇن، يەل - يېمىش چىقىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە مەشھۇرلىرى: خوتەن رايونىنىڭ ياڭاق ۋە شاپتۇللىرى، گۇما، قاغىلىق ناھىيىلىرىنىڭ ئانىرى، يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ بادام مېغىزى، ئاتۇشنىڭ ئەنجۈرى، پەيزىۋات، مەكىت ۋە پىچان ناھىيىلىرىنىڭ قوغۇنى، كورلا ناھىيىسىنىڭ نەشپۈتى، كۇچار ناھىيىسىنىڭ ئۆرۈك قېقى ۋە خورمىسى، تۇرپان ناھىيىسىنىڭ ئۇرۇقسىز ئۈزۈمى ۋە كىشمىشى، ئىلى رايونىنىڭ ئالمىسى، قۇتۇبىنىڭ تاۋۇزى، ۋاھاكازالار. بولۇپمۇ تۇرپاننىڭ ئۇرۇقسىز ئۈزۈمى بىلەن كىشمىشى، كورلىنىڭ نەشپۈتى ۋە پىچان قاتارلىق جايلارنىڭ قوغۇنى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مەملىكىتىمىز سىرتىدىكى يىراق - يىراق جايلارغىچە سېتىلىپ، خەلقئارادا ياخشى نامغا ئېرىشتى.

ئۇيغۇرلار قول ھۈنەرۋەنچىلىكى جەھەتتە ئۇزۇن ۋاقىتلىق تارىخىي ئەنئەنىگە ۋە كامالەتكە يەتكەن ھۈنەر سەنئىتىگە ئىگە. خوتەننىڭ گىلەم ۋە شايىسى، يەكەننىڭ بەقسىمى، يېڭىسار ۋە كۇچارنىڭ قەلەمتۇرىچى، قەشقەر شەھىرىنىڭ بادام دوپپىسى، ئالتۇن - كۈمۈشتىن ياسالغان ھالقا - ئۈزۈكلىرى، غۇلجا

شەھەرنىڭ مەخورىكىسى ۋە ئوتتۇكى، كوچىلارنىڭ كەڭتىمىسى، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى هوشۇر تومۇرچىنىڭ ئۆيىنى ...... ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار ئالاھىدە مەشھۇردۇر. خوتەن گىلەمىنىڭ نۇسخىسى كۆركەم - چىرايلىق، رەڭلىرى ئېنىق، توقۇلۇشى پىشتا - ئىنچىكە، چىداملىق بولۇپ، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەر ئۇنى تام گىلىمى قىلىپ ئۆيلىرىگە ۋە چېدىرلىرىگە زىننەت بۇيۇمى سۈپىتىدە ئېسىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇنىڭ يەنە سوغۇقتىن مۇداپىئەلىنىش رولىمۇ بار، بۇ ناھايىتى قەدىمىي ئادەت بولۇپ، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەشھۇر شائىر سېيىڭ سەننىڭ يازغان شېئىرلىرىدا تام گىلىمى تىلغا ئېلىنغان. ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى، خوتەن گىلىمى سۈپىتىنىڭ ئېسىللىكى بىلەن مەملىكىتىمىز سىرتىدىمۇ سېتىلىپ كەلدى. يېڭىسار ۋە كوچار ناھىيىلىرىنىڭ قەلەمتۇرۇچى ئۆزى ئىشتىك، دەستىسى چىرايلىق بولۇپ، ئىستىمال بۇيۇمىلا ئەمەس، بەلكى گۈزەل سەنئەت بۇيۇمى بولغاچقا، كىشىلەر بەكمۇ ياخشى كۆرىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ساياھەت ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى بىلەن چەتئەللىك دوستلار شىنجاڭغا ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەتكە كەلگەندە، خوتەننىڭ گىلىمى، قەشقەرنىڭ دوپپىسى ۋە يېڭىسار، كوچارنىڭ قەلەمتۇرۇچىنى خاتىرە ئۈچۈن قىزىقىپ سېتىۋېلىشماقتا.

ئۇيغۇر خەلقى ئۇممەتۋار - قىزغىن، تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيىدىغان مىجەز - خۇلۇققا ئىگە. دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرى بەكمۇ ئاددىي بولۇپ، لاي - كېسەكلەر بىلەن سېلىنغان، ئۆينى يورۇق قىلىش ئۈچۈن تۆڭلۈك ئېچىپ قويىدۇ، ئۆيلىرىگە ئۇدۇل ئوچاق ياساپ، ئوتۇن قالاپ ئاش ئېتىدۇ ۋە ئىسسىنىدۇ. بەزىلەر ئۆيلىرىنىڭ ئېمىغا گەج بىلەن سۇۋاپ، گۈل چىقىرىلغان ئويۇقلارنى ياساپ، كۈندۈلۈك ئىستىمال بۇيۇملىرىنى تىزىپ قويىدۇ، شۇنداقلا ئۇ ئۆينىڭ زىننىتى ھېساپلىنىدۇ. ئوتتۇرا ھاللىقتىن يۇقۇرى كىشىلەرنىڭ يازلىق - قىشلىق ئۆيلىرى ئايرىم بولۇپ، كۈنگەي تەرەپكە سېلىنغىنى قىشلىق ئۆي، تەسكەي تەرەپكە سېلىنغىنى يازلىق ئۆي قىلىنىدۇ. ئۆيلىرىنىڭ ئالدى ئارقىلىرىغا ئادەتتە ھەممىسى ئۈژمە، شاپتۇل، ئۆرۈك، ئالما قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئۆستۈرىدۇ، ئىشىك ئالدىغا كوپىنچە تال قويۇپ، قالىق ياساپ، يازلىقى سالقىن ھوزۇرلىنىدۇ. بەزىلەر ھويلىلىرىغا گۈللۈك ياساپ، ئەتىرگۈل، قىزىل گۈل، سەبدە گۈل، مۇدەن گۈل قاتارلىق رەڭگا - رەڭ گۈللەرنى ئۆستۈرىدۇ. بۇنداق كۆكەرتىلگەن ۋە گۈزەللەشتۈرۈلگەن ھويلا - قورولار ئۆزىنىڭ گۈل - دەرەخلىرى بىلەن كىشىلەر كۆڭلىگە ھوزۇر بەخش ئېتىدۇ، ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ كۈندۈلۈك يېمەكلىكلىرى: نان، سۇيۇق ئاش، پولو، چاي، سۈت، قايماق قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، مېھمان چاقىرغانلىدا، ھېيت - بايرام كۈنلىرىدە، ئومۇمەن پولو ئېتىدۇ ۋە بۇ،

قوي گۆشى، قوي يېغى، گۈرۈچ، سەۋزە، پىياز قاتارلىق خىرىتلەردىن ياسالغان لەززەتلىك تاماق بولۇپ، بەزىلەر تېخى پولوغا كىشمىش، ئۆرۈك قېقى، بېيە قاتارلىقلارنى ئېسىپ، تېخىمۇ مېزىلىك قىلىدۇ. ھەپتىدە بىر بولىدىغان بازار كۈنلىرى كاۋاپ، سامسا، پولو - مانتا، چۆچۈرە قاتارلىق تاماقلار سېتىلىدۇ، كىشىلەر بۇنى بەكمۇ ياقتۇرىدۇ. ئۇيغۇرلار قوغۇن - تاۋۇز، يەل يېمىشكە ئامراق، بۇ، خۇددى خەنزۇلار تاماق يېگەندە كۆكتاتتىن ئايرىلالمىغاندەك، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى زۆرۈر يېمەكلىكتۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلىسى ئادەتتە ھەممىسىلا كىچىك ئائىلە بولۇپ، ئوغۇل - قىزلار توي قىلغاندىن كېيىن ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىلىپ ئولتۇرۇپ، ئۆز ئالدىغا تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. ئۆتمۈشتە ئاياللارنىڭ ئائىلىدىكى ئورنى بەك تۆۋەن ئىدى، ئازاتلىقتىن كېيىن، ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. كەڭ ئەمگەكچى ئاياللار ئائىلىدىن چىقىپ ھەر خىل ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتناشتى، بەزى ئاياللار ھەردەرىجىلىك رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنىمۇ ئۆتىمەكتە. ئۆتمۈشتىكى ئەرلەر تېرىقچىلىق قىلسا، ئاياللار توقۇمىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىشلەپچىقىرىش رامكىلىرى بۇزۇپ تاشلاندى. ئەر - ئايال تەڭ - باراۋەر بولۇشتەك يېڭى كەيپىيات تىكلەندى. قېرى - چۈرىلەر ئائىلە ۋە جەمئىيەتتە ئومۇميۈزلۈك ئىززەت - ھۆرمەتكە سازاۋەر، بالىلارمۇ ئائىلە ئىچىدە ياخشى ئېتىۋارغا ئىگە، نىكالىق بولغان ئاياللار تۇغىدىغان چاغدا ئۆز ئاتا - ئانىسىنىڭ ئائىلىسىگە قايتىپ بېرىپ تۇغىدۇ، بۇ، بىرمىڭ نەچچە يۈز يىللىق تارىخقا ئىگە قەدىمىي ئەنئەنە.

ئۇيغۇرلار ناخشا - غەزەلچى ۋە ئۇسسۇلچى مىللەت. ئۇلار دۇنياغا مەشھۇر ئىچۇرغول مۇزىكىسى، قوچو مۇزىكىسى، كۈسەن مۇزىكىسى، سۇلې (قەشقەر) مۇزىكىسى، ئۇدۇن (خوتەن) مۇزىكىسىغا ۋارىسلىق قىلغان، ئۇيغۇرلارنىڭ ناخشا - ئۇسسۇلى ھەم ئۇزۇن تارىخىي ئەنئەنىگە، ھەم چوڭقۇر ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە، ئەر - ئايال، قېرى - ياش ھەممىسى دېگىدەك ناخشا - غەزەل ئېيتالايدۇ، ئۇسسۇل ئوينىيالايدۇ. ياشلار ئارىسىدا يەنە مەشرەپ ئويۇنلىرى بولۇپ، قەرەللىك ھالدا مەشرەپ قىلىپ نەغمە - ناۋالار بىلەن ئۇسسۇل ئوينىشىدۇ، بۇنى ئاممە ئىچىدىكى «سەنئەت مەكتىۋى» دەپ ئاتاش مۇمكىن. يېزىلاردا توي - تۆكۈن، ھېيت - بايرام كۈنلىرى ۋە ئەزىز مېھمانلارنى قارشى ئالغان ھەم بارلىق خۇشاللىق كۈنلەردە نەغمە - ناۋالار بىلەن ناخشا - غەزەللەرنى ياڭرىتىپ، ئۇسسۇل ئوينىشىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئون نەچچە خىل مىللىي سازلىرى بولۇپ، ئادەتتە دۇتتار، تەمبۇر، راۋاپ، داپ قاتارلىقلار دائىم چېلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، كۆپچىلىك كىشىلەر ئىسلام دىنىنىڭ

سۈننى مەزھىپىگە ئېتىقات قىلسا، ئاز سانلىقلىرى ئىسلام دىنىنىڭ ئىسمائىلىق مەزھىپىگە ئېتىقات قىلىدۇ. ئازاتلىقتىن كېيىن، يۇقۇرى قاتلامدىكى دىنىي زاتلارنىڭ ئەدلىيىگە ئارىلىشىشى (مەھكىمە شەرئى تەسىس قىلىشى)، مائارىپقا ئارىلىشىشى، دىنىي باج - سېلىق ئېلىشى (ئۆشرە، زاكات، چاشبۇل قاتارلىقلارغا ئوخشاش) ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىگە ئاساسەن، نورمال دىنىي پائالىيەتلەر قانۇننىڭ مۇھاپىزىتىگە ئېرىشتى، بۇنىڭغا كەڭ ئامما رازى. يۇقۇرى قاتلامدىكى دىنىي زاتلارغا تۇرمۇش جەھەتتە كۆپ تەرەپتىن ئېتىۋار بېرىلدى، بەزىلەرگە ئىقتىسادىي جەھەتتە ياردەممۇ بېرىلدى. بەزى تەسىرى زورراق دىنىي زاتلار ئاپتونوم رايونى بويىچە ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، دائىمى ھەيئەت ئەزاسى، ھەيئەت ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇنىڭغا دىنىي زاتلارمۇ رازى بولۇشتى. 10 يىللىق ئىچكى قالايمىقانچىلىق مەزگىلىدە، «4 كىشىلىك گۇرۇھ» پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىگە غالجىرلىق بىلەن بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، نۇرغۇن مەسچىتلەرنى پېچەتلەپ ياكى باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىپ، ئاممىنىڭ دىنىي ھېسسىياتىغا ئېغىر ھالدا زىيان يەتكۈزگەن ئىدى. «4 كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، ئەسلىدىكى مەسچىتلەر ئېچىپ بېرىلىپ، دىندار ئامما نورمال دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان سورۇنغا ئىگە قىلىندى، كۆپچىلىك بۇنىڭدىن مەمنۇن بولۇشماقتا.

ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي بايراملىرى ئاساسلىقى باھار بايرام (نورۇز بايرىمى)، روزا ھېيت، قۇربان ھېيت قاتارلىقلاردۇر. يىلدا بىر كېلىدىغان قۇربان ھېيت ئەڭ داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلىدۇ، ناھايىتى نۇرغۇن ئادەملەر قوي ئۆلتۈرۈپ قۇربانلىق قىلىدۇ. روزا ھېيتتا ھەممە ئائىلە ساڭزا سالىدۇ. ھېيت كۈنلىرىدە ئەر - ئايال، قېرى - ياش ھەممەيلەن يېڭى كىيىمىنى كىيىپ، ئۆز ئارا ھېيتلىشىپ، بىر - بىرىنىڭ ھېيتىنى مۇبارەكلىشىدۇ، بۇرۇن ھېيتلىشىش دىندار ئامما ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلاتتى، ئازاتلىقتىن كېيىن، ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلمايدىغان خەنزۇ، موڭغۇل، مانجۇ، شىبە قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ كادىرلىرى ۋە ئاممىسىمۇ تونۇش - بىلىش ئۇيغۇرلار ئائىلىسىگە بېرىپ ھېيتلىشىدىغان بولدى، بۇمۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى يېڭى كەيپىياتنى گەۋدىلەندۈردى.

روزى تۇردى تەرجىمىسى